السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# هەر قانداق ئادەم بالىسى تۇغۇلغاندا شەيتان ئۇنى تۇتىدۇ، بالا شەيتاننىڭ تۇتىشىدىن قاتتىق يىغلايدۇ، مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ سىرتىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى تۇغۇلغاندا شەيتان ئۇنى تۇتىدۇ، بالا شەيتاننىڭ تۇتىشىدىن قاتتىق يىغلايدۇ، مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ سىرتىدا» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دەيدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھەرقانداق بالا تۇغۇلغاندا شەيتان ئۇنىڭ بىقىنىغا نوقۇيدۇ، بالا تۇغۇلۇپلا شەيتاننىڭ ئاشۇ نوقۇشىدىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋاقىراپ يىغلايدۇ، پەقەت مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، مەريەمنىڭ ئانىسى ئۆز ۋاقتىدا: {مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن} دېگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ ئىككىسىنى شەيتاننىڭ نوقۇشىدىن ساقلاپ قالغان، ئاللاھ تائالا مەريەمنىڭ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىيسانى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتاننىڭ نوقۇشىدىن ساقلاپ قالدى. مەريەمنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەرزەنتى بولمىغان ئىدى. شەيتاننىڭ بۇ تۇتىشى ياكى نوقۇشى ھەقىقى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى بەزى مۇئتەزىلىلەر دېگەندەك ئىنساننى ئازدۇرۇش تەمەسىدە بولۇش ئەمەس، بەلكى بۇنىڭغا ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە رىئاللىقتىكى نوقۇش مەنىسىدە ئىشىنىش ۋاجىپ بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10994

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee